# مېنىڭ قارىشىمدا سىلەرگە مەسىھ دەججالدىنمۇ قورقۇنۇچلۇقراق بىر ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟ دېگەندە، ساھابىلار: دەپ بەرسىلە، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ يوشۇرۇن شېرىكتۇر، ناماز ئوقۇغۇچى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى كۆرگەندە نامازنى ناھايىتى چىرايلىق ئوقۇيدۇ» دېدى

مېنىڭ قارىشىمدا سىلەرگە مەسىھ دەججالدىنمۇ قورقۇنۇچلۇقراق بىر ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟ دېگەندە، ساھابىلار: دەپ بەرسىلە، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ يوشۇرۇن شېرىكتۇر، ناماز ئوقۇغۇچى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى كۆرگەندە نامازنى ناھايىتى چىرايلىق ئوقۇيدۇ» دېدى

[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ساھابىلار دەججالنىڭ پىتنىسىنى مۇزاكىرە قىلىشىپ ئۇنىڭدىن ئەنسىرىشەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ساھابىلەرگە دەججالنىڭ پىتنىسىدىنمۇ بەكرەك قورقىدىغان، ساقلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش بارلىقىنى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئاشكارا بولمايدىغان نىيەت-مەقسەتتىكى يوشۇرۇن شېرىك ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى، ئاندىن ئۇنى: ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەمەلنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن چىرايلىق قىلىش، دەپ چۈشەندۈردى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3333